# گۇماندىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن گۇمان: سۆزنى يالغانغا چىقىرىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇماندىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن گۇمان: سۆزنى يالغانغا چىقىرىدۇ، كىشىلەرنىڭ مەخپى ئىشلىرىنى تىڭلىماڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، بىر-بىرىڭلارنى ئۆچ كۆرۈشمەڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دىنى قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاداۋەتكە ئېلىپ بارىدىغان بەزى ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردۇ ۋە توسىدۇ. شۇ ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن: گۇمان: بۇ دەلىل-ئىسپاتسىز دىلغا چۈشىدىغان تۆھمەت بولۇپ، ئىنساننىڭ سۆزلىگەن راست سۆزىنىمۇ يالغانغا چىقىرىدۇ. تىڭتىڭلاش دېگەن: كۆزى بىلەن ياكى قۇلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرى ۋە ئۇياتلىق ئورۇنلىرىنى كۈزىتىش دېمەكتۇر. جاسۇسلۇق قىلىش : يوشۇرۇن-مەخپى ئىشلارنى تەكشۈرۈش، جاسۇسلۇق دېگەن سۆز كۆپىنچە يامان ئىشلارغا قارىتىلىدۇ. ھەسەت دېگەن: باشقىلارنىڭ نېمەتكە ئېرىشىشىنى ياقتۇرماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. تەتۈر قاراش : بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۆز-ئارا سالام قىلىشماسلىق، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى زىيارەت قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ئۆچ كۆرۈش دېگەن: باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش، چىرايىنى تۈرۈپ تۇرۇش، كۆرۈشكەندە ئوچۇق چىراي ئاچماسلىق قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسى بىلەن بولغان ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىدىغان لەپزى قىسقا مەنىلىك بىر سۆزنى دېدى ئۇ بولسىمۇ:«ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دىنى قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار». دىنى قېرىنداشلىق ئالاقىسى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىنىدۇ، ئۆزئارا مېھرى-مۇھەببەت زىيادە بولىدۇ، ئارىدا ئۇلپەت بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5332